# 37720 - رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە سەدىقە، خەير-ئېھسان قىلىش ياخشىمۇ ياكى بۇ كېچىلەرنى پەقەت ناماز ۋە زىكىر بىلەن ئۆتكۈزۈش ياخشىمۇ؟ ناماز ۋە زىكىر مۇشۇ كېچىلەرگە خاسمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرىنى ناماز ۋە زىكىرلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش تەكىتلەنگەن.

رامزاندا سەدىقە قىلىش باشقا ۋاقىتلاردا سەدىقە قىلغاندىن ياخشى بولىدۇ، لېكىن بىز رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە سەدىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىس كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز.

لېكىن ئۆلىمالار ياخشى ئەمەللەرنىڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلاردا باشقا ۋاقىتلارغا كۆرە ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى زىكىر قىلغان، رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرى باشقا كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىدىن شەكسىز ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى ئاخىرىقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرىدە مىڭ ئايدىن ئارتۇق بولغان قەدىر كېچىسى بار.

ھەر قانداق ھالەتتە بولسۇن، مۇسۇلمان ئۇچۇن رامزاننىڭ ھەممىسىدە سەدىقىنى كۆپ قىلىش يولغا قويۇلغان: «ھەققەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىلىرىدىن بولۇپ، رامزاندا باشقا ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك سېخىيلىشىپ كېتەتتى». [بۇخارى رىۋايىتى 6-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2308 -ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.